# ھەيۋەتلىك تىيانشاندا ئۇلۇغۋار ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى

## ــــ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۆنىلىش يولنى بەلگىلەيدۇ، يول تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، ئېكولوگىيە ياخشى، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، تۈرلۈك ئىشلار گۈللىنىپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، توختىماي ئالغا بېسىشقا تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرمەكتە.

ھەيۋەتلىك تىيانشاندا يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۇچقۇشلۇق قانات يايدۇرۇلماقتا.

2

بىر خىل غەمخورلۇق بار بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر؛ بىر خىل چوڭقۇر ھېسسىيات بار بولۇپ، ئۈمىدكە تولغان.

بۇ يىل 7 ـ ئايدا، جۇڭگو نېفىت داشۆسى (بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلامىدا قېلىپ خىزمەت قىلىشنى تاللىغان ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، غەربىي رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرانى گۈللەندۈرۈش قەتئىي ئىرادىسىنى بىلدۈردى. باش شۇجى ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، ئۇ قايتۇرغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق يازدى: «سىلەر 118 نەپەر ساۋاقداشنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىغا بېرىپ خىزمەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئامما بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئالالايدىغان غەربىي قىسىم قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم، مەن سىلەرنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى بۇ تاللىشىڭلارنى قوللايمەن».

باش شۇجىنىڭ سۆزى مېغىزلىق، مۇھەببىتى ھەققىي بولۇپ، بۇ، ھەم ياشلاردىن كۈتكەن سەمىمىي ئۈمىدى، تېخىمۇ مۇھىمى، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقى.

يىراقنى كۆزلىمىگەنلەر بىر مەزگىللىك ئىشنىمۇ ياخشى قىلالمايدۇ؛ پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلىمىگەنلەر كونكرېت ساھەدىكى ئىشنىمۇ ياخشى قىلالمايدۇ. شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى مۇھىم بىخەتەرلىك توسۇقى، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، شىنجاڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە.

ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەتكە چىن ھېسسىيات سىڭگەن. باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇشۇ تۇپراقنىڭ ۋە مۇشۇ يەردىكى خەلقنىڭ غېمىنى يېمەكتە. ئۆزى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىش، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۈمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىشقىچە؛ شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشۈشتىن شىنجاڭدىكى كادىرلار، ئاممىغا كۆپ قېتىم جاۋاب خەت قايتۇرۇشقىچە... باش شۇجى ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى، پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەت، تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىپ بېكىتىشتىن شىنجاڭنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قىلىپ بېكىتىشكىچە؛ مەركەز مالىيەسى ھەر يىلى شىنجاڭغا نەچچە يۈز مىليارد يۈەن يۆتكىمە چىقىم قىلىپ بېرىشتىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، شەھەر ھەر يىلى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە 10 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىشقىچە؛ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشتىن بىر قاتار خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل يولغا قويۇشقىچە... پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى مىسلىسىز يۇقىرى، شىنجاڭنى قوللاش سالمىقى مىسلىسىز زور، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى مىسلىسىز چوڭقۇر بولدى، شىنجاڭنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولسىمۇ ھەل قىلىنمىغان بىر مۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىلمىغان بىر مۇنچە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ياردەم بەردى.

شەرق شامىلى خۇددى قۇياش ئەلچىسىدەك ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنى سىيپاپ ئۆتۈپ، بارلىق مەۋجۇداتنى ئويغاتتى. پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىغا چۆمۈپ، باش شۇجىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە سەمىمىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە غەيرەتكە ئايلاندۇرۇپ، قەتئىي ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش قەتئىي ئېتىقادى ۋە جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭ تۇپرىقىدا جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مېلودىيەسىنى ياڭراتتى.

3

شادلىق ناخشىسى ئېيتىلدى، لەرزان ئۇسسۇل ئوينالدى، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا تارالدى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن 71 ساياھەتچى كۇچا ئايرودرومىغا يېتىپ كېلىشىگە، ئۇلارنى مېھماندوست شىنجاڭلىقلار جەلپ قىلىۋالدى. بۇنداق قىزغىنلىق، جۇشقۇنلۇق پەقەت كۆڭلى خاتىرجەم ھەم يېقىملىق كىشىلەرگىلا مەنسۇپ.

ھالبۇكى، قايسىبىر چاغلاردا، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت خەلققە چوڭقۇر ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلدى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئېغىر خەۋپ ئېلىپ كەلدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

مۇقىملىق بولمىسا، ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، خەلقنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننىڭ بېكىتىلىشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەت چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ھۆكۈمى، باش نىشاننى ياخشى ئىگىلىگەندىلا، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتىكى ئاساسىي يېتەكچىلىك ھوقۇقى ۋە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

باش نىشان بايراق كۆتۈرۈپ يۆنىلىشنى بەلگىلەيدىغان پىروگراما، شۇنداقلا ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئېتىقاد. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى زور سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭ جەمئىيىتى چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

زوراۋانلىق، تېررورلۇق بىر كۈن يوقىتىلمىسا، دۆلەتتە بىر كۈنمۇ ئامان ـ ئېسەنلىك بولمايدۇ. كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەش ۋەزىيىتى ئالدىدا، ئاپتونوم رايون پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، «بىرىكمە مۇشت» ئېتىپ، قانۇن قورالى ئىشلىتىپ كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق زەربە بېرىش يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى بوشاشتۇرماي ساقلاپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلدى.

بالايىئاپەتنى تۈگىتىشكە ماھىر كىشى ئاۋۋال بالايىئاپەت يۈزبېرىشنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ تاپىدۇ، كېسەلنى داۋالاشقا ماھىر كىشى ئاۋۋال كېسەلنى مەنبەدىن تۈگىتىدۇ. ئاپتونوم رايون ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى.

كىشىلەر قەلبى ئەڭ چوڭ سىياسى. ئاپتونوم رايون تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقى، غەمخورلۇقىنى بىۋاستە ھېس قىلدۇردى، ئەڭ زور چەكتە كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلدى ۋە مۇجەسسەملىدى، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئامما ئۇلىنى پۇختىلىدى.

باھاردىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن كاككۇك يېرىم كېچىدە ھەسرەتلىك سايرايدۇ، باھار شامىلىنى سايراپ چىللىيالمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. تاش ـ تۆمۈردە ئىز قالدۇرغۇدەك بىر قاتار پۇختا تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە گۇۋاھ بولۇپ، باش نىشاننىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا ۋەزىيەت كونتروللۇقىمىزدا، چوڭ ۋەزىيەت مۇقىم، ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى ياخشى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئۇدا ئۈچ يىل توققۇز ئاي زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرى، خەۋپسىزلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلولىرى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىققا، خاتىرجەملىككە بولغان ئارزۇسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇلۇت يېرىلىپ قۇياش كۆرۈندى، ھاۋا ئوچۇق ۋە سۈزۈك بولدى. تىنچ، ئىناق جەمئىيەت كەيپىياتىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، تەبەسسۇمى كۆپەيدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئاشتى. مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئەڭ مۇھىم شارائىت، ئەڭ كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئەبەدىي ئەمىنلىككە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈردى، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈردى.

4

چاق غەربكە قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلىدى، كۈمۈش قاناتلار ياۋروپا ـ ئاسىيانى راۋان تۇتاشتۇردى. ھەر كۈنى قورغاستا، قەشقەردە، ئالاتاۋ پورتىدا، سانسىزلىغان تاۋارلار شىنجاڭ ئارقىلىق بۇ بىپايان قۇرۇقلۇقتا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا جەمئىي 3700 قېتىمدىن ئارتۇق جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتناپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى %80تىن يۇقىرى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 17 دۆلەت، 25 خەلقئارا (رايون) شەھەر، 88 دۆلەت ئىچىدىكى شەھەر بىلەن ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئاچتى ھەم جۇڭگودىكى ئەڭ زىچ تارماق لىنىيە ئاۋىياتسىيە تورىنى قۇرۇپ چىقتى.

يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون ئورنىنىڭ بېكىتىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى، «بىر پورت» «ئىككى رايون» «بەش چوڭ مەركەز» «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىشى دۇنياغا تىنچلىقنى سۆيىدىغان، گۈللىنىش يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان، گۈللەنگەن جۇڭگونىڭ پۈتۈن دىققەت بىلەن شىنجاڭدىن غەربكە نەزەر سېلىپ، پۈتۈن دۇنيا بىلەن دوست بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

دېڭىز بىپايان كۆرۈنمەس چېتى، مەنزىلگە قاراپ ماڭىمىز تېخى. بۈگۈنكى شىنجاڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭ دولقۇنىدا مەۋج ئۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مەزمۇت قەدەم تاشلىماقتا.

مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات خۇددى ھارۋىنىڭ ئىككى چاقىغا، قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشايدۇ. مۇقىملىق بولمىسا، تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ تەرەققىيات بولمىسا، مۇقىملىقنىڭ تىرىكى بولمايدۇ. 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا جەزمەن مۇقىملىقنى چۆرىدەپ تەرەققىياتنى كۆزلەپ، تەرەققىيات ئارقىلىق مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

مۇقىملىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپە ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش بىلەن بىللە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)



ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا ئېگىزدىن نەزەر (ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان سۈرەت، 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تارتىلغان).
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇ خۇخۇ فوتوسى



بالىلار خوتەن شەھىرىنىڭ كەپتەر كوچىسىدا يۈگۈرۈپ ئويناماقتا (5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تارتىلغان).
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى سادات فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)